# پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام غەنيمەتنى ئاتلىقلارغا ئىككى ئۈلۈش، پىيادىكىلەرگە بىر ئۈلۈش بۆلۈپ بەردى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام غەنيمەتنى ئاتقا ئىككى ئۈلۈش، ئەر كىشىگە بىر ئۈلۈش بۆلۈپ بەردى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام غەنيمەتنى ئاتلىقلارغا ئىككى ئۈلۈش، پىيادىكىلەرگە بىر ئۈلۈش، بۆلۈپ بەردى. ئۇنداق تەقسىم قىلىشتا؛ ئۇرۇشتا ئاتلىقنىڭ كارغا كېلىشى ۋە قوشۇنىنىڭ كۈچىنى بېيىتىشى پىيادىلەردىن كۆپرەك بولىدۇ. بۇنىڭغا قۇرئان كەرىمدە ئىشارەت قىلىپ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەتىگەندە (دۈشمەن ئۈستىگە) باستۇرۇپ كىرگۈچى. (قاتتىق چاپقانلىقتىن) توپا – چاڭ چىقارغۇچى. شۇ توپا – چاڭ بىلەن دۈشمەن ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەمكى.» [سۈرە ئادىيات 3-5 ئايەتلەر]. بۇ ئايەتلەردە ئاتنىڭ ئۇرۇشتىكى كۈچنى بېيىتىشىغا ئىشارەت باردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ئاتنىڭ پېشانىسىدا قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق باردۇر، دېگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/2978

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee